# شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتى

(2019 - يىلى 8 - ئاي)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى

(بېشى 5 - بەتتە)

### ئۈچىنچى، تەلىم - تەربىيەنىڭ مەزمۇنى

دىنىي ئەسەبىزمنىڭ يامرىشى، تارقىلىشى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنىڭ كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزلۈمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر قىسىم رايون، ناھىيەلەردە تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلدى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزى مەكتەپ خاراكتېرىگە ئىگە. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قارىتا، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى، قانۇن - بىلىملىرىنى، كەسپىي ماھارەتنى ئۆگىنىش ھەمدە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان ئوقۇتۇش دەرسلىكى تەسىس قىلدى.

تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى قوللىنىشتا ئومۇمىيۈزلۈك سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇشىنىڭ يېتەرلىك ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ئاساسى بار. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ھەمدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق قانۇنى»دا بىردەك ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق قانۇنى»دىمۇ دۆلەت پۈتۈن مەملىكەتتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان پۇتۇڭخۇانى ئومۇملاشتۇرىدۇ، پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش ھوقۇقى بار، دۆلەت پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشىنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارغا بېرىلگەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشتىكى ھوقۇقنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ئۆگىنىش شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى بويىچە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەخسۇس تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىكنى قوللىنىپ، ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى بويىچە، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى قوللىنىش ئىقتىدارىنى تېز ئۆستۈردى. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى بويىچە تەربىيەلەش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئىگىلەش ۋە قوللىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش، سىرتقا چىقىپ سودا قىلىش - ئىشلەمچىلىك قىلىش، باشقا مىللەت ئاممىسى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، زامانىۋى تۇرمۇشقا ماسلاشقان تىل قورالىغا ئىگە قىلىش، ھەرگىزمۇ ئۆز مىللىتى تىل - يېزىقنى قوللىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ياكى ئۇنى چەكلەش ئەمەس.

تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭى ئومۇمىيۈزلۈك كەمچىل بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، قانۇن بىلىملىرى دەرسلىكى تەسىس قىلىندى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭىنى كۈچەيتىشتىكى ئاچقۇچلۇق ھالقا قىلدى. سودىيە، تەپتىش، ئادۋوكات قاتارلىقلارنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆيلىنىش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك توختامى قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەسپىي مائارىپ قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاممىلىق باشقۇرۇش جازا قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملار توغرىسىدا دەرس سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق، مەجبۇرىيىتىگە بولغان تونۇشى كۈچەيدى، ئۇلار باراۋەر بەھرىلىنىش ھوقۇقى، پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش قارىشىنى تۇرغۇزدى، ئاڭلىق ھالدا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا يۈكلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بويىچە ئىش قىلدى.

تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كەسپىي ماھارىتى كەمچىل بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىلىرىگە قارىتا، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىشنى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم يول قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش شارائىتىغا ئاساسەن، كىيىم - كېچەك، ئاياغ - باش كىيىمى پىششىقلاش، يېمەكلىك پىششىقلاش، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى قۇراشتۇرۇش، بەت ياساش - بېسىش، پەرداز قىلىش - چاچ ياساش، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى، بىناكارلىق بېزەكچىلىكى، مال چارۋا باقمىچىلىقى، مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش، ساغلاملىق بويىچە ئۇۋۇلاش، ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتى، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ياساش، گۈل تىزىش، گىلەم توقۇش، رەسىم سىزىش، ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق تەربىيەلەش دەرسلىرىنى تەسىس قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئارزۇسى بار، شارائىت ھازىرلىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنى كۆپ خىل ماھارەت بويىچە تەربىيەلەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر - ئىككى كەسپىي ماھارەتنى بىر قەدەر پىششىق ئىگىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى دەرس ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىي مەشغۇلاتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئەمەلىي تەربىيە مەشغۇلاتى ئەمەلىيەت ئوقۇتۇشى بولۇپ، زاۋۇتلاردا ئىشلەش ئەمەس، كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلىق ئەمەس، شۇنداقلا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەمەس.

تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىگە ۋە كونتروللۇقىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۇچراش مەسىلىسىگە قارىتا، تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى تەلىم - تەربىيەنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈردى. قانۇن - نىزام، مىللەت - دىن سىياسىتى ۋە دىن بىلىملىرىنى باسقۇچقا بۆلۈپ ئۆگىتىش ئارقىلىق، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ زىيىنىنى ئېچىپ تاشلاپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىگىلەتتى، نېمىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ دىنىي ئەسەبىزم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتۇپ، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرگە تامامەن خىلاپ ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرۈپ، تىرىشىپ تەربىيەلەنگۈچىلەرگە تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ جىنايى ماھىيىتى ۋە ئېغىر زىيىنىنى ئېنىق تونۇتتى، تېررورىزم ۋە دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تەسىرى ۋە كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇردى. تەلىم - تەربىيەدە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئەزەلدىن ئارىلىشىۋېلىنمىدى، ھەرگىزمۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىدىغان ئوقۇتۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلمىدى.

### تۆتىنچى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى

كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش، جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپ، ھەم جۇڭگونىڭ تۈرلۈك قانۇن - تۈزۈملىرىدە ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى قانات يايدۇرغان تۈرلۈك خىزمەتلەردە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شىنجاڭدا تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە قوللانغان بىر تۈرلۈك جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىنغان. تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەشكە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىش تەدبىرى بولماستىن، بەلكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن قانۇن بويىچە قوللانغان مۇھىم تەدبىر، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەدە ئازاد بولۇشى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى ۋە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تەدبىر.

جۇڭگو قانۇنىدا رايون، مىللەت، دىن قاتارلىقلارنى باھانە قىلىدىغان ھەرقانداق كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى ئۇسۇل مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن، بۇ بەلگىلىمە شىنجاڭدا ھەققىي ئىجرا قىلىندى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى ياكى جىنايى قىلمىشىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇش ئوبيېكتىنى بېكىتىشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلدى، ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق رايون، تەۋە بولغان مىللەت ۋە ئېتىقاد قىلىدىغان دىن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.

تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزدە ئۆگىنىش جەريانىدىكى جىسمانىي ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن تەربىيەلەنگۈچىلەرنى كىشىلىك قەدىر - قىممەت جەھەتتىن ھاقارەتلەش ۋە خورلاش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. تەلىم - تەربىيە مەركىزى ياتاقلىق تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆيىگە قەرەللىك قايتالايدۇ، ئىشى بولسا رۇخسەت سورىيالايدۇ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ خەت - ئالاقە قىلىش ئەركىنلىكى بار.

تەلىم - تەربىيە مەركىزدە، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقنى ئىشلىتىش ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملىرى، دەرس جەدۋىلى، تاماق تىزىملىكى قاتارلىقلاردا بىردەك دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى قوللىنىلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ ۋە كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرى كۆپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى مول مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. «دىن ئىشلىرى نىزامى»دا: دىنىي مەكتەپلەردىن باشقا مەكتەپلەر ھەم باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ دىن تارقىتىشى، دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشى، دىنىي تەشكىلات قۇرۇشى، دىنىي پائالىيەت سورۇنى تەسىس قىلىشى چەكلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. تەلىم - تەربىيە مەركىزى باشقۇرۇش جەھەتتە تەربىيە بىلەن دىننى ئايرىۋەتتى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەكتەپ ئىچىدە دىنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللىشى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشىغا بولمايدۇ، لېكىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆيىگە قايتقاندا قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىش - قاتناشماسلىقنى ئۆز ئالدىغا قارار قىلسا بولىدۇ.

تەلىم - تەربىيە مەركىزى قوش تىل ئوقۇتقۇچىسى، يېتەكچى، دوختۇر ۋە ئارقا سەپ مۇلازىمىتى باشقۇرۇش خادىملىرى قاتارلىقلارنى سەپلەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ نورمال ئۆگىنىش، تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئۆي ئىچىدە قىشتا پار، يازدا ھاۋا تەڭشىگۈچ ياكى شامالدۇرغۇچ بار، ياتاقتا تېلېۋىزور بار، مۇنچا تەربىيەلەنگۈچىلەرگە ھەقسىز ئېچىۋېتىلىدۇ. داۋالاش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەر كۈنى 24 سائەت ھەقسىز تۈردە تەربىيەلەنگۈچىلەرنى داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، كىچىك كېسەللەر داۋالاش ئۆيىدە دىياگنوز قويۇلۇپ داۋالىنىدۇ، ئېغىر كېسەللەر، جىددىي كېسەللەر تېز سۈرئەتتە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاپ ساقايتىلىدۇ.

تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىغا تولۇق ھۆرمەت قىلدى، زال ئىچى - سىرتى تەنتەربىيە، مەدەنىيەت پائالىيەت سورۇنلىرى بار بولۇپ، دائىم مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئۆيى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشى، ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىلغان. قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئۆيى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇن قاتلىمىدىكى قىيىنچىلىقى ۋە گۇمانىي مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. پسىخىكا مەسلىھەت بېرىش ئۆيى تەسىس قىلىپ، پسىخىكا مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ پسىخىكا ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلدى. بارلىق تەربىيەلەنگۈچىلەر بىردەك كۈتۈنۈش، داۋالىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن بەھرىمەن بولدى، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ھەقسىز قاتناشتى.

تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە قارىتا ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ - داۋالىنىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى باراۋەر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىشقا ئورۇنلىنىش، ئوقۇش، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى ئاشۇردى.

### بەشىنچى، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى

شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تەلىم - تەربىيە خىزمىتى تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىش سادىر قىلغانلارنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. تەلىم - تەربىيەگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، كىرىدۇ ھەم چىقىدۇ. تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشى ۋە ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچى تەربىيەلەش تەلىپىگە يېتىپ تەربىيەلىنىشنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى.

—— تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئۆستى. تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭى ئۆسۈپ، دۆلەت پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەزمەن دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇپ يەتتى. تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى قوللىنىش ئىقتىدارى ئۆستى. نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچى ئىلگىرى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى قوللىنىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان بولۇپ، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندا ئاڭلاپ چۈشىنىش، ئالاقىلىشىش، ئوقۇش، يېزىشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇردى. تەربىيەلەنگۈچىلەر كەسپىي ماھارەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق كۆپ ساندىكىلىرى بەلگىلىك ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ماھارەتنى ئىگىلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارى ئۆستى. كۆپ تۈركۈمدىكى تەربىيەلەنگۈچى ئۆلچەمگە يېتىپ تەلىم - تەربىيە مەركىزدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىدى، بەزىلىرى زاۋۇتلاردا ياكى باشقا كارخانىلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتى، بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىدى، يەنە بىر قىسمىلىرى ئۆز - ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە بېرىپ داۋاملىق ئۆگىنىپ بىلىمىنى ئاشۇردى.

—— دىنىي ئەسەبىزم ئۈنۈملۈك يوقىتىلدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ روھىي كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدى. تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭى روشەن كۈچەيدى، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى روشەن ئۆستى. كۆپ ساندىكى تەربىيەلەنگۈچى دىنىي ئەسەبىزمنىڭ دىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى روشەن كۈچەيدى.

—— جەمئىيەت كەيپىياتى روشەن ياخشىلاندى. تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇشى جەريانىدا، تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرار جاي، يۈرۈش - تۇرۇش، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، قائىدە - مۇراسىم، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە زامانىۋى جەمئىيەت تەرەققىياتى تەلىپىگە ماسلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەم زامانىۋى مەدەنىيلىك ئىدىيەسىنى زور كۈچ بىلەن تارقىتىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى كونا قائىدە - يوسۇن، ناچار ئىللەتلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇردى. تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئاكتىپ تەسىرىدە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت كەيپىياتى روشەن ياخشىلاندى، توغرا كەيپىيات ئەۋج ئالدى، ناچار كەيپىيات ئازايدى، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ تارقىلىشى ئاڭلىق توسۇلدى، زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، مەدەنىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئىنتىلىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىيات كۈنسېرى قويۇقلاشتى.

—— ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيەت سىجىل مۇقىم بولدى. تەلىم - تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلغا يېقىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى(ۋەقەسى) يۈزبەرمىدى، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى روشەن ياخشىلاندى، مىللەتلەر باراۋەر - ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق - رايىش بولۇپ، خەلق تىنچ - ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2018 - يىلى، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى زور دەرىجىدە ئاشقان، جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر 150 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشقان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40% ئاشقان؛ بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر 2 مىليون 626 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.83% ئاشقان. 2019 - يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە، شىنجاڭ كۈتۈۋالغان چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر 75 مىليون 893 مىڭ 500 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 46% ئاشتى.

—— ھەر مىللەت خەلق ئومۇمىيۈزلۈك قوللىدى. تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەر تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇپ، تەلىم - تەربىيەنىڭ ئۇلارنى «تېررورلۇق جىنايىتىنى سادىر قىلىشقا قاراپ ماڭغان يولدىن توغرا يولغا قايتۇرغانلىقى»غا، «دىنىي ئەسەبىزمنىڭ مەنىۋى بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى»غا رەھمەت ئېيتتى. تەلىم - تەربىيە خىزمىتى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تىنچلىقى، ئىناقلىقىنى كۈچلۈك قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. نۇرغۇن كىشىلەر شۇنى ھەققىي ھېس قىلدىكى، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى زور ياخشى ۋەزىيىتى ئاسان قولغا كەلمىگەن، تەلىم - تەربىيە خىزمىتى بولمىسا بۈگۈنكى تىنچ - مۇقىم تۇرمۇش بولمايتتى.

(ئاخىرى 7 - بەتتە)